سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر
يېڭى جۇڭگونىڭ قاينام - تاشقىنلىق يىللىرى

# جۇڭگو - ئافرىقا دوستلۇقىنىڭ ئابىدىسى

مۇنداق بىر تۆمۈريول بار، ئۇ شەرقتە تانزانىيەنىڭ پايتەختى دارىس سالامدىن باشلىنىپ، غەربتە زامبىيەنىڭ مەركىزىي ئۆلكىسىدىكى كاپىرىمبوسچقەچە سوزۇلغان بولۇپ، «يەر شارىنىڭ تاتۇقى» — شەرقىي ئافرىقا چوڭ جىلغىسىدىن ھالقىپ ئۆتىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1860.5 كىلومېتىر. شەرقىي ئافرىقا بىلەن ئوتتۇرا جەنۇبىي ئافرىقىنى تۇتاشتۇرىدىغان بۇ چوڭ غول لىنىيە تانزانىيە - زامبىيە تۆمۈريولى دەپ ئاتالغان بولۇپ، جۇڭگو - ئافرىقا دوستلۇقىنىڭ ئابىدىسى.

تانزانىيە بىلەن زامبىيە 20 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدىكى ئافرىقا مىللىي ئازادلىق دولقۇنىدا يېڭىدىن مۇستەقىل بولغان دۆلەتلەر. لېكىن، بەزى دۆلەتلەرنىڭ قامال قىلىشى سەۋەبىدىن، بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ناھايىتى زور قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، تانزانىيە، زامبىيە ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرى دۇنيادىكى مۇناسىۋەتلىك دۆلەتلەرگە ئىككى دۆلەتنى تۇتاشتۇرىدىغان تۆمۈريولنى ياردەم قىلىپ ياساپ بېرىشنى ئۆتۈنگەن.

1965 - يىلى 2 - ئايدا، تانزانىيە زۇڭتۇڭى نيېرېرې جۇڭگودا زىيارەتتە بولغان. ليۇ شاۋچى بىلەن جۇ ئېنلەي نيېرېرې بىلەن سۆھبەتلەشكەندە مۇنداق بىلدۈرگەن: جۇڭگو ھۆكۈمىتى تانزانىيەدىن زامبىيەگە بارىدىغان تۆمۈريولنى ياردەم قىلىپ ياساپ بېرىشكە قوشۇلىدۇ. ماۋ زېدۇڭ نيېرېرېغا مۇنداق دېگەن: سىلەرنىڭ قىيىنچىلىقىڭلار بار، بىزنىڭمۇ قىيىنچىلىقىمىز بار، لېكىن سىلەرنىڭ قىيىنچىلىقىڭلار بىزنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ، بىز ئۆزىمىزنىڭ تۆمۈريولىنى ياسىمساقمۇ، سىلەرگە ياردەم قىلىپ بۇ تۆمۈريولنى ياساپ بېرىمىز. 1967 - يىلى 6 - ئايدا، زامبىيە زۇڭتۇڭى كائۇندا جۇڭگودا زىيارەتتە بولغاندا، جۇڭگو بىلەن تانزانىيە - زامبىيە تۆمۈر يولىنى ياساشقا ئالاقىدار ئىشلارنى كېڭىشىپ پۈتۈشكەن. شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، جۇڭگو، تانزانىيە، زامبىيە ئۈچ دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى بېيجىڭدا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى بىلەن تانزانىيە بىرلەشمە جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى، زامبىيە جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ تانزانىيە - زامبىيە تۆمۈر يولىنى ياساش توغرىسىدىكى كېلىشىمى»نى ئىمزالىغان. كېلىشىمدە مۇنداق بەلگىلەنگەن: جۇڭگو ئۆسۈمسىز، ھېچقانداق شەرت قويۇلمىغان قەرز پۇل بىلەن تەمىنلەيدۇ ھەم مۇتەخەسسىسلەرنى ئەۋەتىپ، بۇ تۆمۈر يولنى ياسايدۇ، باشقۇرىدۇ، رېمونت قىلىدۇ، تېخنىكلارنى تەربىيەلەپ بېرىدۇ.

1968 - يىلى 5 - ئايدا، جۇڭگو چارلاش خادىملىرىنى ئەۋەتىپ، ئىنتايىن ناچار تەبىئىي مۇھىتتا پۈتۈن لىنىيەدە چارلاش، ئۆلچەش، لايىھەلەشنى باشلىغان. تانزانىيە - زامبىيە تۆمۈريولىدا 1975 - يىلى 10 - ئايدا سىناق تەرىقىسىدە قاتناش باشلانغان، 1976 - يىلى 5 - ئايدا پۈتۈن لىنىيەنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئاخىرلاشتۇرۇش ۋە ئۈسكۈنىلەرنى قۇراشتۇرۇش - يۆرۈشلەشتۈرۈش قاتارلىق خىزمەتلەر تاماملانغان. زۇڭتۇڭ كائۇندا كېيىن مۇنداق دېگەن: تانزانىيە - زامبىيە تۆمۈريولى «بىزنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان دوستلۇقىمىز ۋە ئىتتىپاقلىقىمىزنىڭ خاتىرە ئابىدىسى».

غەربلىك بىر ئىنژېنېر تانزانىيە - زامبىيە تۆمۈريولىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندىن كېيىن، ھەيران قالغان ھالدا مۇنداق دېگەن: «تۈمەن چاقىرىملىق سەددىچىن سېپىلىنى ياسىغان مىللەتلا مۇشۇنداق يۇقىرى سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۆلچەملىك تۆمۈريولنى ياسىيالايدۇ».

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

# ياڭزىجياڭ دەرياسىدىكى پولات ھەسەن - ھۈسەن

1927 - يىلى، چەت ئەللىك مەلۇم كۆۋرۈك مۇتەخەسسىسى نەنجىڭدا نەق مەيداننى تەكشۈرگەندىن كېيىن، نەنجىڭدا كۆۋرۈك ياساش مۇمكىن ئەمەس، دېگەن. بىراق، 1968 - يىلى دەل مۇشۇ «مۇمكىن بولمايدىغان» جايدا، دۆلىتىمىز ئۆزى تەتقىق قىلىپ ياسىغان ئالاھىدە پولات ماتېرىيال بىلەن بىر چوڭ كۆۋرۈك سېلىنىپ، قاتناش باشلاندى.

نەنجىڭ چاڭجياڭ چوڭ كۆۋرۈكىنى سېلىشقا ئون يىل ۋاقىت كەتتى. 1958 - يىلى 11 - ئايدا، نەنجىڭ چاڭجياڭ چوڭ كۆۋرۈكى قۇرۇلۇشى ھەيئىتى قۇرۇلدى. 1960 - يىلى 1 - ئايدا، چوڭ كۆۋرۈكنىڭ ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشىنىڭ دەريا مەركىزىدە كۆۋرۈك گۈندىسىنى قويۇش قۇرۇلۇشىدا رەسمىي ئىش باشلاندى. قۇرۇلۇش تېخنىكلىرى سۇ ئاستىغا 60 نەچچە مېتىر شۇڭغۇپ، سۇ ئاستىدا كەپشەرلەش ۋە سۇ ئاستىدا كېسىش مەشغۇلاتى ئېلىپ باردى. 1966 - يىلى 4 - ئايغا كەلگەندە، دەريا ئىچىدىكى توققۇز كۆۋرۈك گۈندىسىنىڭ ھەممىسى سۇ يۈزىگىچە ياسىلىپ بولدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىكى مالىمانچىلىق ئەڭ ئېغىر بولغان ۋاقىتتىمۇ، چوڭ كۆۋرۈكنىڭ قۇرۇلۇشى يەنىلا جىددىي ئېلىپ بېرىلدى. 1968 - يىلى، چوڭ كۆۋرۈك قۇرۇلۇشىنىڭ سۈرئىتى كۆرۈنەرلىك تېزلىتىلدى، قۇرۇلۇشچىلار پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلاندى، پۈتكۈل شەھەر خەلقىمۇ قىزغىن ياردەم بەردى.

ئەينى يىلىدىكى قۇرۇلۇش ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى سۇڭ پېيچى مۇنداق دېدى: «نۇرغۇن كىشىلەر بەلكىم چوڭ كۆۋرۈك ئىشچىلىرىنىڭ جاپاسىنى بىلمەسلىكى مۇمكىن. قىشتا، كەڭ دەريا يۈزىدە سوغۇق شامال چىققاندا، پولات - تۆمۈرنى تۇتساق بىر قەۋەت تېرىمىزنى سويۇپ ئېلىۋالاتتى، بىر كۈن ئىشلىگەندىن كېيىن، ھەمىشە بارماقلىرىمىزنى ئاچالماي قالاتتۇق. يازدا، بېتون قويۇش ئىشچىلىرى ھەر كۈنى ھەم قېلىپ تاختىسى ۋە پولات تەخسە ئارىسىغا كىرىپ، ئۇدا يەتتە - سەككىز سائەت ئىشلەيتتى، قېلىپ تاختا ئىچىدە ھاۋا ئۆتۈشمەيتتى، تېمپېراتۇرا سىرتتىكىدىن 10 سېلسىيە گرادۇس يۇقىرى ئىدى. بىر كۈن ئىشلىگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ كىيىملىرىنى قېلىن بىر قەۋەت شور باغلاپ كېتەتتى...» چوڭ كۆۋرۈك قۇرۇلۇشچىلىرى تىرىشچان - ئىقتىسادچان بولۇش ئىستىلىنى زور دەرىجىدە ئەۋج ئالدۇردى، سىزىق سىزىش ئىشچىلىرى «يەتتە ئۆلچەپ بىر كېسىپ»، پولات ماتېرىياللىرىنى تېجىدى؛ پولات چۋىق ئىشچىلىرى ئىنچىكە ھېسابلاپ، بىر تال پولات چۋىقنىمۇ ئىسراپ قىلمىدى؛ كەپشەرلەش ئىشچىلىرىنىڭ ئىشلىتىپ ئېشىپ قالغان بىر سۇڭ ئۇزۇنلۇقتىكى كەپشەر بېشىنىمۇ تاشلىۋېتىشكە كۆزى قىيمىدى.

قۇرۇلۇشچىلار ۋە نەنجىڭ خەلقىنىڭ ئورتاق تىرىششى نەتىجىسىدە، 1968 - يىلى 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى نەنجىڭ چاڭجياڭ چوڭ كۆۋرۈكىنىڭ تۆمۈريول كۆۋرۈكى پۈتۈپ پويىز قاتنىدى، شۇ يىلى 12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، تاشيول كۆۋرۈكى پۈتۈپ قاتناش باشلاندى.

نەنجىڭ چاڭجياڭ چوڭ كۆۋرۈكى تاشيول كۆۋرۈكىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4588 مېتىر، تۆمۈريول كۆۋرۈكىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 6772 مېتىر بولۇپ، ئەينى چاغدا جۇڭگودىكى ئەڭ چوڭ، كۆۋرۈك تېخنىكىسى ئەڭ مۇرەككەپ بولغان تۆمۈر يول، تاشيولنىڭ ئىككىلىسى تەڭ ئىشلىتىلىدىغان ئىككى قەۋەتلىك كۆۋرۈك ئىدى. كۆۋرۈكنى ياساش جەريانىدا، قۇرۇلۇش تېخنىك خادىملىرى ياراتقان نۇرغۇن يېڭى ھۈنەر - سەنئەت، يېڭى تېخنىكا ئەينى چاغدىكى دۇنيانىڭ ئىلغار سەۋىيەسىگە يەتكەنىدى.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# گۇەن تۇڭشېڭ:
# باتۇرلۇق بىلەن جىنايەتچىنى تۇتۇش داۋامىدا ئوق تېگىپ قۇربان بولغان
# 1 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، چاڭشا، 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى تېلېگراممىسى(مۇخبىر بەي تيەنتيەن)** ئوق ئۇڭ يوتا ئارتېرىيە تومۇرىنى تېشىۋەتكەن، قان توختىماي ئېقىۋاتقان بولسىمۇ، گۇەن تۇڭشېڭ جىنايەتچىنى بېسىۋېلىپ، ئەڭ ئاخىرقى تىنىقىغىچە جىنايەتچىنىڭ ئىككى قولىنى چىڭ قىسىپ قويۇپ بەرمىدى. ئارىدىن 38 يىل ئۆتتى، 1 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى گۇەن تۇڭشېڭنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرى ھېلىھەم كىشىلەر قەلبىدە ساقلانماقتا. ھەر يىلى چىڭمىڭدا، ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە كۈنىدە، خۇنەن ئۆلكىسى چېدۇڭ ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى قەبرە سۈپۈرۈش، قەسەم بېرىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى تەشكىللەپ، بۇ قەھرىمان، ئىنقىلابىي قۇربانىنى ياد ئېتىدۇ.



گۇەن تۇڭشېڭنىڭ سۈرىتى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

گۇەن تۇڭشېڭ، 1948 - يىلى تۇغۇلغان، چېدۇڭ ناھىيەسىدىن. ئۇ 1972 - يىلى 12 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن، 1973 - يىلى جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقان، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ چېدۇڭ ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى چېڭگۇەن بازارلىق ساقچىخانىسىنىڭ، جىنايى ئىشلار رازۋېدكا بۆلۈمچىسىنىڭ خەلق ساقچىسى بولغان.

گۇەن تۇڭشېڭ ھايات ۋاقتىدا كۈندىلىك خاتىرىسىگە «تىرىشىپ كىشىلەر قارشى ئالىدىغان، ھۆرمەتلەيدىغان خەلق ساقچىسى بولىمەن» دېگەن ئىرادىسىنى يازغان. ئۇ ئىزچىل تۇردە ئاكتىپ تىرىشىپ، خىزمەتكە سادىق بولۇپ، ئاممىنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ، دائىم ئاما ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىپ بەرگەن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ سەككىز قېتىم باتۇرلۇق بىلەن ئوت ئۆچۈرگەن، ئالتە قېتىم ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالانغان.

1981 - يىلى 5 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، يەتتە جىنايەتچى جياڭشى نەنچېڭ ناھىيەلىك قوراللىق بۆلۈمنىڭ قورال - ياراغ ئامبىرىدىن ئوغرىلىغان قورال - ياراغ، ئوق - دورىلارنى ئېلىپ چېدۇڭ ناھىيەسىگە قېچىپ بېرىپ، ئاپتوبۇس بېكىتى مېھمانخانىسىغا چۈشكەن. شۇ كۈنى كەچتە، چېدۇڭ ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئاپتوبۇس بېكىتى مېھمانخانىسى مۇلازىمەتچىسىنىڭ دېلو مەلۇماتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، دەرھال قورشاپ تۇتۇشنى تەشكىللىگەن، گۇەن تۇڭشېڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ۋەزىپە ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلغان. ۋەزىپە ئىجرا قىلىشقا كېتىۋاتقاندا، گۇەن تۇڭشېڭ خىزمەتداشلىرىغا مۇنداق دېگەن: «بۈگۈن كەچتىكى ۋەزىپە ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدۇ، بۇ بىز ئۈچۈن بىر سىناق، قان تۆكۈپ قۇربان بېرىشكە تەييار تۇرۇشىمىز كېرەك...»

5 - ئاينىڭ 28 - كۈنى سەھەر سائەت 1دىن 40 مىنۇت ئۆتكەندە، 17 خەلق ساقچىسى ئاپتوبۇس بېكىتى مېھمانخانىسىنىڭ 4 - نومۇرلۇق ياتىقى ۋە 7 - نومۇرلۇق ياتىقىنى قورشىغان، ئارقىدىن تۇتۇش ھەرىكىتىنى باشلىغان. 4 - نومۇرلۇق ياتاقتا، گۇەن تۇڭشېڭ جىنايەتچى بىلەن ئېلىشقان چاغدا، بەختكە قارشى جىنايەتچى ئوق چىقىرىپ ئۇنىڭ ئوڭ يوتا ئارتېرىيە تومۇرىنى ئۈزۈۋەتكەن. ئوق قورسىقىنى تېشىپ ئۆتۈپ، بەل ئومۇرتقىسىغا كىرىپ، ئىسسىق قان ئېتىلىپ چىققان. گۇەن تۇڭشېڭ قەيسەر ئىرادىسى بىلەن جىنايەتچىنىڭ قورالىنى ئۇرۇپ چۈشۈرۈپ، جىنايەتچىنى تاكى سەپداشلىرى كېلىپ تۇتقىچە بېسىۋالغان. ئاخىر، يەتتە جىنايەتچىنىڭ ھەممىسى تىرىك تۇتۇلغان. گۇەن تۇڭشېڭدىن قان كۆپ چىقىپ كەتكەنلىكتىن، نەق مەيداندا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان، شۇ يىلى ئۇ ئەمدىلا 33 ياش ئىدى.

1981 - يىلى 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى گۇەن تۇڭشېڭغا 1 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى دەپ تولۇقلاپ نام بەرگەن.

بۇ يىل 72 ياشقا كىرگەن شى چېڭفا ئەينى يىلى گۇەن تۇڭشېڭ بىلەن بىرلىكتە تۇتۇش ھەرىكىتىگە قاتناشقان. ئۇ ئەسلەپ مۇنداق دېدى: مەن گۇەن تۇڭشېڭ بىلەن «دۈشمەن بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىش گۇرۇپپىسى»غا بۆلۈندۇم، ئۇچرىشىدىغىنىمىز قورالنى بەتلەپ تەييار تۇرغان جىنايەتچىلەر ئىدى. گۇەن تۇڭشېڭ ئوق تېگىپ قان ئېقىپ تۇرغان ئەھۋالدىمۇ، يەنە جىنايەتچىنى چىڭ بېسىپ تۇرۇپ، ئادەتتىكى كىشىلەردە ئاز ئۇچرايدىغان قەھرىمانلىق جاسارىتىنى نامايان قىلدى. ھازىرمۇ بۇ كۆرۈنۈشنى ئەسلىسەم، يەنە ياش تۆكىمەن.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، چېدۇڭ ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى يەنە كۆپ قېتىم «يولداش گۇەن تۇڭشېڭدىن ئۆگىنىش» باش تېمىسىدىكى پائالىيەتنى قانات يايدۇرۇپ، بارلىق كادىر - ساقچىلارنى ئۇنىڭ سادىق، ئىشەنچلىك، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئالىيجاناب روھىدىن، خەۋپ - خەتەردىن قورقمايدىغان، قۇربان بېرىشتىن قورقمايدىغان ئىنقىلابىي روھىدىن، باتۇر، قورقماس، ئومۇم ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇنتۇيدىغان تۆھپە قوشۇش روھىدىن ئۆگىنىشكە چاقىردى.

# كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇپ خەتەردىن قۇتقۇزۇشتا جان پىدا قىلغان
# 1 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى — دېڭ رۇيپۇ

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، چۇڭچىڭ، 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تېلېگراممىسى(مۇخبىر جوۋ ۋېنتاۋ)** چۇڭچىڭ شەھىرىنىڭ ساقچى مۇزېيىدا، بىر كونا قول سائىتى كۆرگەزمىگە قويۇلغان، ئۇنىڭ ئىگىسى جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ 1 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچىسى — چۇڭچىڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى بېيبېي شۆبە ئىدارىسى خۋاڭجۆ ساقچىخانىسىنىڭ سابىق جىداۋيۈەنى دېڭ رۇيپۇ. 1981 - يىلى 7 - ئايدىكى پەۋقۇلئاددە زور كەلكۈن ئاپىتىگە تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىدە، دېڭ رۇيپۇ خەلق ساقچىلىرىنى باشلاپ، كېچە - كۈندۈز ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، ھاياتى بىلەن ھېسابلاشماي خەتەرگە يولۇققان ئاممىنى جىددىي قۇتقۇزۇپ، خەلقنىڭ ھاياتى، مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن قىممەتلىك ھاياتىنى تەقدىم قىلغان. ئۇ يېنىدىن ئايرىمايدىغان بۇ سائەت قەھرىمان قۇربان بولغان ئاشۇ دەقىقىگە گۇۋاھ بولغان.



دېڭ رۇيپۇنىڭ سۈرىتى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

دېڭ رۇيپۇ 1934 - يىلى چۇڭچىڭ شەھىرىنىڭ چاڭشۇ رايونىدا تۇغۇلغان، 1951 - يىلى جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقان، 1955 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ چۇڭچىڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى بېيبېي شۆبە ئىدارىسى تيەنشېڭ ساقچىخانىسىنىڭ خەلق ساقچىسى، خۋاڭجۆ ساقچىخانىسىنىڭ جىداۋيۈەنى بولغان. ئۇ جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقان 30 يىلغا يېقىن ۋاقىتتا، تىرىشچان ۋە ئەستايىدىل بولۇپ، قېتىرقىنىپ خىزمەت قىلىپ، پاك - دۇرۇس بولۇپ، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىپ، خەلقنى سۆيۈپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك نەتىجە يارىتىپ، كۆپ قېتىم ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالانغان.

1981 - يىلى يازدا، چۇڭچىڭ رايونى پەۋقۇلئاددە زور كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچرىغان. 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان كەلكۈن شىددەت بىلەن ئۈلگىيىپ، كەلكۈن چوققىسى نۇرغۇن ئۆي ۋە زىرائەتلەرنى بېسىپ كېتىپ، خۋاڭجۆ رايونى سۇدا قالغان. دېڭ رۇيپۇنىڭ ئۆيىنىمۇ كەلكۈن بېسىپ كېتەي دېگەندە، ئۇ كەسكىنلىك بىلەن «ئاممىنىڭ مال - مۈلكىنى جىددىي قۇتقۇزۇش مۇھىم» دەپ، ئۆزىنىڭ ئېغىر زۇكام بولۇپ قالغىنىغا قارىماي، دەريا بويىدىكى رايونلارغا بېرىپ كەلكۈن ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، قاتناش تەرتىپىنى ساقلاپ، ئاممىنى يۆتكىلىشكە تەشكىللىگەن.

شۇ كۈنى يېرىم كېچە سائەت 11دىن ئاشقاندا، كەلكۈن داۋاملىق ئۆرلىگەن، چارلاپ تەكشۈرۈش داۋامىدا، دېڭ رۇيپۇ جيەنزۇي رايونىدىكى بىر جايدا 80 نەچچە ئاممىنىڭ كەلكۈندە قاپسىلىپ قالغانلىقىنى بايقىغان، بەزى ئاما سۇ مۇنارىنىڭ تاش توسمىسىدا قىسىلىشىپ تۇرغان، بەزىلىرى دەرەخكە يامىشىپ چىقىۋالغان، بەزىلىرى ئۆگزىدە زوڭزىيىپ ئولتۇرغان بولۇپ، قۇتقۇزۇڭلار دېگەن ئاۋاز ئۈزۈلمەي ئاڭلىنىپ تۇراتتى، ئەھۋال ناھايىتى جىددىي ئىدى.

ئېقىن يۈزى كەڭ، كۈچلۈك دولقۇن مەۋج ئۇرۇۋاتقان كەلكۈن چوققىسىدا، نەق مەيداندا پەقەت تۆت رېزىنكە كېمىلا بار بولۇپ، قۇتقۇزۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايتتى. دېڭ رۇيپۇ دەرھال ئەترەت باشلاپ بېرىپ، يېقىن ئەتراپتىكى يېزىدىن قولۋاق ئارىيەت ئېلىپ ئىشلىتىپ تۇرۇشنى قارار قىلدى.

يېرىم كېچە سائەت 12 ئەتراپىدا، دېڭ رۇيپۇ قاتارلىق كىشىلەر قولۋاق ھەيدەپ جېڭجياشىدىن دۇڭياڭ گۇڭشېسى شيەنفېڭ دادۈيى، شۇەيجيابىغا بارغان، ئۇلار دەريا بويىدا توختاپ قالغان بىر كىچىك كېمىنى تېپىپ، كېمىنىڭ بېشىنى تارتىپ توغرىلاپ پۈتۈن كۈچ بىلەن جيەنزۇيگە قاراپ ھەيدەپ ماڭغان. 16 - كۈنى تاڭ سەھەر سائەت 1دىن 10 مىنۇت ئۆتكەندە، دېڭ رۇيپۇ قاتارلىق كىشىلەر قاپسىلىپ قالغان ئاما بار جايغا يېتىپ باراي دېگەندە، دەريا يۈزىدە ئېلېكتر يايلىق نۇر چاقنىغان، شۇئان دىماغنى ئېچىشتۇرىدىغان كۆيۈك پۇرىقى كەلگەن — دەل مۇشۇ ئېلېكتر يايلىق نۇر چاقنىغاندا، دېڭ رۇيپۇ بەختكە قارشى دەريا يۈزىدە يۇقىرى بېسىملىق ئېلېكتر سىمىغا تېگىپ كېتىپ توك سوقۇۋېتىپ قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

«ھازىر پارتىيە ۋە خەلق بىزگە ئەڭ ئېھتىياجلىق ئاچقۇچلۇق پەيت، ھەربىر كومپارتىيە ئەزاسى، ئىتتىپاق ئەزاسى سىناقنى قوبۇل قىلىپ، ياخشى باشلامچى بولۇپ، كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇپ، خەتەردىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشى كېرەك!» بۇ، دېڭ رۇيپۇنىڭ يولغا چىقىش ئالدىدا كادىر - ساقچىلارغا قالدۇرغان ئەڭ ئاخىرقى كۆرسەتمىسى، ئۇ ئۆزىنىڭ ھاياتى بىلەن بۇ قەسەمنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتى.

دېڭ رۇيپۇ قۇربان بولغاندىن كېيىن، سىچۈەن ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئىنقىلابىي قۇربان، دەپ تولۇقلاپ ئېتىراپ قىلىندى، 1981 - يىلى 10 - ئايدا، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن 1 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى، دەپ تولۇقلاپ نام بېرىلدى. چۇڭچىڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى بېيبېي شۆبە ئىدارىسىدە، دېڭ رۇيپۇنىڭ ئىش ئىزلىرى تا ھازىرغىچە مەدھىيەلەنمەكتە، قەھرىماننىڭ روھى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر - ساقچىلىرىنى ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئىلھاملاندۇرماقتا.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)